توزگوچى پولات قادىرى

توزگوچی پولات قادیری

# اوتكان كونلر

برنچی قسم

FROM THE LIBRARY OF
GULAMETTIN PAHTA
EAST TURKISTAN
NATL RESEARCH
CENTER INC

آلتای نشریات اداره‌سینڭ تاریخ - جغرافیه تور دومی
طره‌فیدین تیارلنب مطبعه‌گه بیریلدی.

چین جمهوریتی نڭ 37- ینی برنچی قنو ار



پولات قادیری

# كريش سوز

مەن بو قسقاچە **يورت تاريخىنى محمد امين حضرتنىڭ** ئەصلى « شرقي توركستان تاريخي » غا ئاسلسلينب ئوزومنىڭ ئوگونوب ئالقان نەتىجەلرمدىن فايدەلينب توزەب **چقدم**. ايچيدە ئولوق بولمىغان ياكى كەمچىلىك ئورۇنلارى باربولسا، كورسوتوب بەرسە، 2 — قيتم يازيليدىغان تاريخقا ياخشى برئاساس بولوب قاليدو. شونىڭ ئوچون بو تاريخ **حققىدە**، كوبرەك توزوتوش كورسەتمەك لەرىنى سورايمن.

# 1ـ باب: باشلانغوچ تارىخ

## كىرىش سۆز

يۇرتىمىز (ئۆلكەمىز) جۇڭگو تۇپراغىنىڭ غەربى شىمالى قىسمىغا ۋە ئاسىيا قىتئەسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، غەربى تەرەفى غەربى تۈركىستان، شىمالى تاشقى ماڭغولىيە، شەرقى گانسو، جەنۇبى پامىر تاغلىرى بىلەن چېگرالىنىدۇ. يۇرتىمىزنىڭ دەۋلەت تەرەفىدىن قويۇلغان ئىسمى شىنجاڭ بولۇپ، تارىخى مىللى ئىسمى شەرقى تۈركىستاندۇر.

## قاراڭغۇ تارىخ

بىز ياشاپ تۇرغان يەر شارىمىز، قۇياشتىن ئايرىلىپ چۈشۈپ، ئوت گاز ھالىدىن ئۆزگىرىپ، تاشقى پوستى قېتىپ، سۇ، ئۆسۈملۈك، ھايۋانات پەيدا بولۇپ بۈگۈنكى يەر ھالىغا كەلگەنگىچە قانچە مىليون مىليارد يىللار ئۆتكەنى نامەلۇم بولسىمۇ، ئەمما يەر يۈزىدە جانلىق ھايات باشلانغانىغا 500 مىليون يىل بولغاندۇ دەپ گۇمان قىلىنىدۇ.

تارىخچىلار يەر يۈزىدە ئەمچەكلىك ھايۋانلار پەيدا بولغانىغا 0 مىليون يىل، ماگارا دەۋرى باشلانغانىغا 50مىڭ يىل، تۈركلەرنىڭ ئوزئانا يۇرتىدىن كۆچۈش دەۋرىنىڭ باشلانغانىغا 10مىڭ يىل بولغاندۇ دەپ باھا بەرمەكتە. بىز بۇ دەۋرنى تارىخنىڭ قاراڭغۇ نامەلۇم دەۋرى دەپ ئاتايمىز.

## ئومۇمى تۈركلەر

قەدىمقى تۈركلەرنىڭ ئانا يۇرتى ئوتتۇرا ئاسىيا بولۇپ، تۈركلەر شەرقى قىرخان تاغلىرى، سىرغ دەريا، شىمالى سىبىرىيە، غەربى قارا دېڭىز، جەنۇبى تىبەت، شىمالى ھىندىستانغىچە بولغان تۇپراق

ایچیده یاشاپ کەلگەن. ئو زامانلەردا بو جایلەر حاضر قیمەك قور
غاقچىلىق چول بولماي یامغور یغن کوپ، اچکی دریا، کوللەر
چق، کولزارلق برجای ایدی. کیینکی زامانلەردا قورغاقچیلـق
دەوری باشلانیب بو جایلەر چوللوککە ئایلاندی. یاوروپادا مونـ
دان 7000 یل بوروون آیاغداشقان یونما تاش دەوری یورتیمزدا
موندان 12 ملڭ یل بوروون تمام بولغان.

## دونیادا مدنیت

دونیادا مدەنیت باشلانغان جای 5 گە بولونودو. میلاددان 5000
یل بوروون مدەنیت باشلانغان جای اورتا ئاسیا، میزوفونامیه، مصر،
میلاددان 5000 یل بوروندین باشلاپ مدەنیت باشلانغان جای چین،
هندستان، هندی چین، یونان، تورکیه، میلاددن 2000 یل بورونـ
دین باشلاپ مدەنیت باشلانغان جای ایران، ایتالیه، میلاددن 500
یل بوروندین باشلاپ مدەنیت باشلانغان جای رومانیه، فرانسیه،
انگیلیه، اسپانیه، شمالی ئافریقا، میلاددن 500 یل کیین مدەنیـت
باشلانغان جای عربستان، گرمانیه، کافکاز، ئوندین صوڭ مدەـ
نیت باشلانغان جایلەر روسیه، یاپونیه، ئامریقا، و مباشقالەردور.
مثا بونگدین قاریغاندا، دونیا مدەنیتی الڭ بوروون بزنڭ یورتـ
مدین باشلانغانلیقی معلوم.

## تاشدن قورال یاساش دەوری

ئادەملەر دونیادا پیدا بولوپ، انسانلق تورموشقا کوچوشدین
بوروون تاغ-تاشلەر ئاراسیدا یرتقوچ هایوانلەرغا ئوخشاش کیم
کەیمەی یاشیغان ایدی. ئادەملەر ئاستا-ئاستا ترەققی قیلب، هایوانلر
دین فرق قلغاندین کیین تاغ غارلریدا اوی یاساشنی، تاشدین قو
رال یاساپ یرتقوچ هایوانلەردین ئوزینی ساقلاشنی بیلگەن،
کیین باریب انسانلەر تاشنی سلغداپ تورلی قورال یاشاشنی
یوگەندی.

## چاروا چیلق دەوری

بوروون آدەملەر هایوانلەر بلەن آریلیشب یوروب، کوچی یەز کەنلرینی توتوب خامیەب کون کوچورگەن بولسیمو، کیین جما عت بولوب یاشاش حالیغا کەلگەندە، توتقان هایوانلەردین آر تیب قالغانلرینی ئوگوتوب باقیب ساقلاش یولی بلەن چارواچیلق دەورینی باشلیدی. بو دەوردە انسانلەر توف—توف بولوشوپ یو واش هایوانلەرنی توتوب باقیب اوی هایوانلریغا آیلاندوردی.

## باغچیلق - دهقانچیلق دەوری

ئادەملەر بوروون هایوانلەرنی توتوب ییگەندین باشقا یاوایی ئوستوب چققان تورلی میوەلەرنی ئوزوق قیلب یيگەن. کیینکی وا قتلەردا یالغوز باققان چاروا مال بلەن جان ساقلاشنڭ قیینچیلقیە نی بیلب، یاوایی میوەلەرنی ئوزلری ئوستوروب اوزلری پوشو روب یەیدیغان بولدی. بونڭ سرتیدا دانلق ئوسوملوکلرنڭ ئو زوق بولودیغانلریدین فایدیلاندی. منا شوندین کیین باغچیلـــق دیهقانچیلق باشلاندی.

## تورکلەرنڭ کوچوش دەوری

اورتا ئاسیا بوروون اوت—چوپلوك انسان یاشاشقا بەك قولای برجای بولغان بولسیمو، کیینکی زامانلەردیکی قورغاقچیلق نە تیجەسیدەوە ادەم سانی کوپەیوب، تورموشنڭ قیینچیلق دەوری باشلانغاندا، اورتا ئاسیادا بولغان تورکلەر ئابادجایلەر استەتەب اطرافقا کوچوشکە باشلیدی. بو کوچوش مونندان 20ملڭ یلدان بوروون باشلانغان. توروپان، آلتای اطرافیدین کوچکەنلەر شرققا توروب سزغ دەریا، کوك دەریا اورتاسی وە شمالی چینغاقلەر جایلەرغە باریب ئورونلاشقان.بو، موندن 7ملڭ یل بوروون بولغان

دوبدان چققانلەرنلڭ بر قسمی هیندیچین، تبت گە باریب ئوروز
لاشقان. تەکلی مکان قەشقەردن چقانلەر هیندستاننڭ آباد جایـ
لەریغا کوچوپ باردی. ایمل بالقاشدن کوچکەنلەر اورال تاغلری
دن اۇتوب یاوروپاغیچە کوچوپ باردی. خاریزم اطرافیدن کوچ
کەنلەر یاوروپا، آفریقاغە قدەرتارالیپ کەتدی. بو 4 طرەفکە کوچ
کەن تورکلەر هربر بارغان جایلریدا، مایمونغا ئوخشاش یــاشا
واتقان یاوایی انسانلەرغە مدنیتاوگەتدی.

# کوچوش دەوریدین کیینکی یورت

عمومی کوچوش دەوریدین کیین یورتیمزدا کوچمەی قالغان
لر سو بویلری، آباد جایلارغا توپلوشوب، کچیك-کچیك دەولە
لرنی میدانغا کەلدی. تاریخچیلر شووا قتدا یالغوز شرقی تورکستاندا وا
مستقل دولت بولغان ددب آیتیلو. بووا مستقل دولت بر قانچە زامانلریاشیغاندین
کیین چەتدین کیلب تورو دیغان دوشمەنلردین همان اوزینی ساقلاپ تورماق
ئوچون ئوز ئارا اتفاق بولماقا مجبور بولدی. الڭ بورون غرب
قسمیدیکی 10دەولت برلیشب برلککە کەلدی. ئورتادان ال ایلتر
دیگەن عنوان بلەن بر آدەمنی خان سایلیدی. شوندین کین
شرقدیکیلر هم برلیشب ئانگاگول دیگەن عنوان بلەن بز ئادەم
نی خانلققا سایلیدی. بولارنڭ بریگە 10 اویغور دەولیتی، ینەبو
گە 9 اویغور دەولیتی دیگەن نام بریلدی. ئویغور دیگەن سوز
کوهنە تورکچە سوزدە اتفاق، اویوشماق، برلشمك دیگەن سوز
دور. بو واقعە موندان 6700- یل بورون بولغان.

# قارا خان دەولیتی

بو 10 اویغور، 9 اویغور دەولتلری بر قانچە یوز یللر یاشم
غاندین کیین بو ایکی دەولت برلشدی. پایتخت شهری قەشقەر
بولوب بو دەولتکە قاراخان دەولیتی دیگەن نام بریلدی. بو قارا
خان دەولیتی کوچلونوب شرقی تورکستان توپراغینڭ سرتیدا

بولغان قەبىلەلرنى اوز اطاعت استيغا ئېلىپ توپراغىنى كېڭەيتـ
ـدى. قاراخان دەولىتىنىڭ چېگاراسى غربى ئامو دەريا، خزر دېڭىزى،
شمالى سبرىيە، شرقى قلرخان تاغلرى، جنوبى سېرغ دەريـا،
قاراقۇرغو تاغلر بلەن چېگارالاندى.

بو واقتدا شرقدە چىن دەولىتى، غربدە ايران دەولىتى قورول
غان بولوب، قاراخان كوب واقت بولەر بلەن سوقوش قلـدى.
و قاخان دەورىدە ميلاددين 550 يل بورون ايران پادشاسى خسرو
بلەن سوقوش قيلدى. ايرانلقلەر بوقاخاننى اولتوروب خارىزم،
سوغوتنى اشغال قلدى. كېين ساقا توركلرىنىڭ غيرەتى بلەن
ايرانلقلر يېڭىلىپ قاراخان دەولتىگە اطاعت قلدى.

قاراخان دەولىتىنىڭ ئاخرقى زامانلرىدا، يونان پادشاسـى
سكندر دونياغا هجوم باشلاپ، عسكرلرى غربى توركستاندين
اوتوب قەشقەرغە يېتىب كەلگەندە، يورتىمىزدان چققان اويغـور
عسكرلرى بتون دونيانى يەڭگەن اسكندرنىڭ يېڭىلمەس عسكرلرى
نى تار-مار كەلتوروب، ئالتون قان ميدانيـدا زور شوهـرەت
قازاندى.

## قاراخان دەولىتىنىڭ عاقىبتى

قاراخان دەولىتى زەعىپلاشقان دەورلردە، اچكى اتفاقسزلق
توغولوب، باش-باشتاقلق حكوم سوردى. چىن چېگاراسىدا ياشا
واتقان ياوچى توركلرى، ئىلىدا ياشاواتقان اوسونلـر، خزر
دېڭىزى بويىدا ياشاواتقان ساقالر قاراخان دەولتىدين ايرىلىپ كتـ
ـدى. اچكى طرەفلدين قوجو، كنگت (قارا شهر) اوچ (ئاقسو)
كوچار، خوتەن، چرچنلر هم ئايرم-ئايرم دەولت بولوپ ئالدى.
شوندا قىلىپ قاراخان دەولىتى پارچالىنىپ يېقلدى. اوشاق پار
چە دەولتلر ميدانغا كەلدى. يالغوز شرقى توركستان توپراغى
ايچىدە 50 گە قدەر پارچە دەولت قورولدى.

# تورکلەرنڭ کوهنە یازولری

کوچوش دەوریلەیدین بوروون تورکلەردە خط یازو بارلیغی معلوم. امما او خطلرنڭ شکلی سورەتلەیدین عبارەت بولغان. تورکلەر یازوسی بر قانچە، توردین اوزگوروب رەسمی یازو شکلیگە کیرب عموم تورکلەر طرەفیلەیدین قبول قلنغانی 2تورلیدور. بری اورخون یازوسی یعنی اویغور یازوسی هم دیلیدو. ینە برسی: سوغوت یازوسی، بو یازو غربی تورکستاندا اجاد بولغان. 7- عصرغیچە کوپچولك تورکلەر طرەفیلەیدین قوللونولغان الفبا اورخون الفباسەدور. تورکلەر اوزلری نڭ کوهنە یازوسینی کوچوب بارغان جایلریغە دیکی خلق ئاراسیغا هم یایدی. بوگونکی دونیادا کوپچولك ملیکەتلەر طرەفیلەیدین قبول قلنغان لاتین یازوسینڭ اورخون یازوسیدین اولگە ئالغانلیقی معلوم. لاتین الفباسینڭ کوپ حرفی اورخون حرفیلەیدین عبارەت. سوغوت یازوسیلەیدین مانجورلر، مانغوللر ورلریگە یازو اشلەب چققانلیغی معلوم.

تورکلەر اسلام دینی نی قبول قیلب عرب یازوسیغا کوچکەنگە قدەر بو اورخون، سوغوت یازوسینی اشلەتکەن. 8-عصردین باشلاب 20- عصرغە قدەر تورکلەر عرب یازوسینی اشلەتدی. بو گونکی تورکلەر 3تورلی یازو قوللانماقدا. تورکیە تورکلری لاتین الفباسی؛ غربی تورکستان تورکلەری روس الفباسی، شرقی تورکستان تورکلری عرب الفباسی قوللانماقدا.

# هون تورکلری دوری

تورکستاندین شمالی چین، اورخون دەریاسی، اولا تاغلری ــ یا کوچوب باریب یاشیغان تورکلرنڭ اچیدین هون دیگەن بر قبیلە میلاددین 1500 یل بوروون شو جایلاردا بر دەولت قوریدو. بو دەولت قورغان هونلر بلەن چین خلقی اورتاسیدا اوزون مدت سوقوش داوام قلیدی. چین خلقی اوزینی هونلرنڭ هجومیدین ساقلاب قالماق ئوچون چك سی خوالڭ دیگەن خان نڭ یتەکچیلکیدە

سەنخەی گوەنلەدین جایی گوەنگە قەدەر 300 کیلومیتر اوزونلوققا سیلچین ناملق سپل سوقودو. بو سپل ئوستیدە بیر یریم ملیون ئادەم ساقچیلق قلدی. هون حکومتینك نامی تکری قوت بولوب مشهور پادشاسی تومان خان ایدی. بوخان میلاددین 209 یل بورون سیلچیندین اوتوب شەنسی، سەنشیلرنی اشغال قلدی. تومان خاندین سوڭ اوغلی متەخان غربدیکی بارلق تورك قەبیلەلرینی اوزیگە اطاعت قلدوردی. یالغوز مانجوریەدە یاشاواتقان تورکلردین سیانپی، وو-هوان، توپا، جوجان، یاگوجان قەبیلەلری اطاعت قلمدی. بولرنی ماشغول تاریخدا تاتار دەب ئاتایدو. هونلرنڭ غربی خزر دیڭزی، ایتل دەریاسیغا قەدەر کیڭەیدی. شرقی تورکستاندیکی پارچە خانلقلار هونلرنڭ اطاعتی ئاستیدا بولدی. هون دەولیتی کوچلانغان زاماندا متە خانغا اوغوز خان دیگەن نام بیرلدی. بتون چین خاقی هونلرنڭ اطاعت ئاستیغا کرگەندە؛ اوغوزخان چین پادشاسینڭ قزینی توی قلیب ئیلیب اورتادا دوستلوق پیدا بولدی.

# جاڭ چوەن

چین خلقی هونلرنی اچکی طرەفدین عاجزلاتماق اوچون جاڭ چوەن دیگەن آدەمنی سیاحتچی نامبلەن هونلرا چیگە کرگوزیدو. جاڭ چوەن قاراقورومدا 10 یل قاماقدا یاتیدو. بوندین چیقب ایلیغا باریب، اوسونلرنی هون اطاعتیگە قارشی عصیان قلماققا دعوەت قلدی. اوسونلر استقلال اعلان قلب عصیان کوتەرگەن بولسیمو، هون عسکرلری کیلیب باستوروب آلدی. جاڭ چوەن فرغانە، سمرقند، اوگوز قتارلق جایلارغا باریب اوز یورتیغا قایتب کەلدی.

# هون دولىتى نىڭ عاقىبىتى

مىلاددىن 40 يىل بورون هون شەهزادەلىرىدىن چىچى خان، خوجا نى خانلار اورتاسىدا حكومت تالاشىپ سوقۇش چىقتى. يېڭىلگەن چىچى خان اوز تابعەسى بىلەن غربكە قاچىپ تڭرى تاغى نىڭ شىمالىدا سوغوت قوشولوب بر دەولت قوردى. خوجانىسى خان ئىچكى مانغولىيە، شەنسى، سەنسى، گەنسو اولكەلىرىنى ايگىلەب بر دەولت قوردى. بونىڭغا جنوبى هون، اولتىغا شمالى هون دەب نام بىرىلدى.

شمالى هون تېز قوۋەتلەندى. بونىڭغا قارشى مىلادى 70- يىلى چىن، جنوبى هون، سيانپى، هو-آنلار بىرلىشىب شمالى دولىتىگە هجوم باشلادى. شمالى هون دەولىتى يىڭىلىب اولا تاغلىرىدىن اوتوب خزر دېڭىزى، اورال تاغلىرىغا كوچوب كەتتى. (كىيىن بولار ياوروپادا غربى هون دەولىتىنى قورغان.) شمالى هون يىقىلغاندىن سوڭ، جنوبى هون 230 يىل چىن حمايەسىدە قالىب، كىيىن تصان كوتوروب بتون چىن گە حاكم بولدى. مىلادى 352-يىلى توپا توركلىرى جنوبى هوننى يوقاتدى.

ئاسىيادا 2000 يىل حكوم سورگەن هون دەولىتى يىقىلدى.

# چىن عسكرلىرىنىڭ برنچى قېتىم بو يورت قا چىقىشى

هون دەورىدە مىلاددىن 40 يىل بورون چىن دان چاڭ-كى آتلىق 1..ەم عسكر باشلاب شرقى توركستان نى اشغال قىلىب 49 يىل حكوم سوردى. مىلادى نىڭ 73-يىلى شمالى هون يىقىلغاندا، چىن دان بەن-چاو دىگەن آدەم عسكر باشلاب چىقىب دەستلەب باركول، قمول، قوموىنى اشغال قىلدى. اوندىن سوڭ چرچىن، خوتەن، ياركند، كەشقەر، اوچ خانلقلىرىنى اشغال قىلدى. كوچارخانى كوسون خان كەنگت (قراشەر) اوسوز، سوغوت خانلرىدىن ياردەم ئېلىب قاتتىق قارشىلىق كورسوتوب بەن چاونى قەشقەردىن چىكىندوردى. مىلادى

90- يلى باختر، هندستاندين ياوچى توركلرى كيلب قەشقەردين بەنچاوغا هجومقيلب اوزلرى يېگىلدى. ميلادى 150- يلى قوشخان دەولتى‌نىڭ باشليغى كانيشكاى باختردين چىقب شرقى توركستانغا هجوم قيلب بەنچاونىڭ قووەتينى چقاردى. شرقى توركستاندا ينە پارچە دەولتلر ميدانغا كەلدى. مانجوريەدە باش كوتورگەن سيانپى توركلرى شمالى هون توپراغينى اشغال قيلب اوتوپ ميلادى 340-يلى بتون شرقى توركستاننى باسيپ ئالدى.

# توپا، جوجان، نقيل دورى

سيانپى دەولىتى يېقلغاندين كەين باش كوتورگەن توپاتوركلرى قدرخان تاغنىڭ شمالى، شرقى موڭغولستان، شەنشى، خونەن، گانسو قتارليق جايلاردا دەولت قوروب ميلادى 447-يلى شرقى توركستاننى اشغال قلدى.

مانجوريەدە تاتار ئاتى بلەن مشهور بولغان توركلر ميلادى 310- يلى بر كچيك دەولت قوروب غربكە يوروش قيلب، 460- يلى شرقى توركستاننى توپا توروكلرى قولـدين تارتيـب الدى.

سيڭچين‌نىڭ شماليدا ياشغان نقيل توركلرى ميلادى 464- يلى يورتينى تاشلاب غربكە كوچوب حاضرقى بدخشاندا نقيل‌شهرينى مركزقيلب بر دەولت قوردى. ميلادى 480-يلى ئافغانستان، غربى، شرقى توركستان، پنجاب، كشميرنى اشغال قلدو. شرقى توركستان 500 يل قدەر نقيل دەولتينىڭ اطاعتيدە بولودو.

# گوك تورك دەولىتى

هون دەولىتى يېقلغاندين كيين بر قسم توركلر آلتاى تاغىنىڭ اوتمەك ترس جلغەسيغا باريب اورونلوشوب ٤٠٠ يل ياشاغاندين سوڭ بو جلغەدە تمور كشف قلب، تمور صناعتينى ترەققى قلدوردى. بولاردين بومين‌خان ديگەن آدەم ميلادى ٥٥٢-يلى جوجانلرغە قارشى عصيان كوتوروب اوتوگيننى مركز قيلب گوك

تورك دەولىتى دەپ بر دەولت قوردى. كوك توركلر 555- يالى بتون توركستاننى اوزىگە اطاعت قلدىردى. كوك توركدەولتى ايكى پارچەغە بولونوب تالاشنى مركز قلغان غربى كوكتورك ايستەمىخان (بومينخاننڭ ئنيسى) ادارە قىلدى، شرقى كوك تورك بومينخان (لقبى الخان) نڭ ادارەسىدە بولدى. ميلادى ٥٥٤- يلى كوك توركلر ايران پادشاسى نوشيروان بلەن برلشب نقيل دەولتىگە هجوم قيلب اونڭ توپراغىنى باسب آلدى. كيين كوك توركلر نوشيروان بلەن هم سوقوشوب باختر، تاخارستاننى تارتب ئيلب، ٥٧٥— يلى روم دەولتىگە هجوم قيلب قرم ولايتى، بوسپور قلعەسى، خرصوم شهرلرىنى تارتب آلدى.

## كوك توركلرنڭ عاقيبتى

كوك توركلر ٥٨٢- يللريدن باشلاب عاجزلاشقا باشلىدى شمالى آلتايدا ياشىغوچى تولو قەبىلەسى (حاضرقى قالماقلر) چيننڭ ياردەمى بلەن كوك توركلرگە قوزغولاڭ كوتەردى. چين عسكرلرى شەنسى گە هجوم قلدى. تولولار بلەن چينلار ٦٣٠— يلى كوك تورك دەولتىنى يىقتىدى: ٦٤٩— يلى كوك تورك آولادى دين قولا خان باش كوتوروب، تولو، چينلارنى يىڭىب، ٦٥٥— يلى غربى كوك تورك دەولتىنى قوردى. بونىڭغا قارشى چينلار نىڭ كوچىنى توپلاب آلتاى، ايلى، قوەو ٣ يولدىن هجوم باشلىدى. بر يللىق سوقولشدا يىڭى قورولغان غربى كوك تورك دەولتىنى يىقىلب ١٠٧ يل حكوم سورگەن كوك تورك دەولتى تمام بولدى.

## تيبت نڭ استيلاسى

٧- عصردە تيبەت خلقى قوىنلىك بر دەولت حاليغا كيلب، ٦٦٣— يلى تيبت پادشاسى گامپو كوكو (چڭخەى) ديكى تنگوت توركلرىگە هجوم قيلدى. كوكودين چرچن يولى ئارقىلىق شرقى توركستانغا باسيب كرب، چين قوومتى بلەن سوقوشوب ياركند، خوتەن، قەشقەرلرنى اشغال قيلب ٦٩٢— يلىچە جنوبىنى اوز طاعتىدە توتدى.

# شرقده قوتلوق غربده تورگش دەولیتی

کوك تورك دەولیتی یقلغاندن سوڭ اولارنڭ اولادیدین بولغان ایلتریش بگ ٦٨٠— یلی عصیان کوتوروب اوتوگن ینی باسیب ایلب، ماڭغولستاندین چن عسکرینی چقاریب مانجوریه گه قدەر شرقده قوتلوغ دەولیتی قورودو.

٧— عصرده توبول، ایرتش دریاسی بوییدا یاشاوا تقان تورگش قەبیلەسی ٦٩٣— یلی غربی انجه، جنوبی تڭری تاغی، شرکی بارکول؛ شمالی قرغز یایلاقلری ئاراسیدا بر تورگش دەولیتی قورودو.

٦٩٩— یلی قوتلوق دەولیتی باشلیغی قاپاغان تورگشلرگە هجوم قیلب، تورگش یورتنی اشغال قلغاندین تاشقری، قوچولولان، قرا شهر، کوچار، ئاقسودین چن تەئسیرینی، قەشقەر، خوتەن، چرچندین تیبت تەئسیرینی چقاریب تاشلادی. بوزاماندا عرب اسلام عسکرلری ایراندین اوتوب سوغونقا قدەر ییتیب کیلب قالغان ایدی. شونڭ اوچون قوتلوق دەولیتی چن، تیبت، عرب عسکرلری بلەن سوقوشماققا توغری کەلدی. قوتلوق دەولیتی عاجزلاب تورغاندا، تورگشلردین سولو قاغان باش کوتوروب شرقی تورکستان، تاخارستان، فرغانه، تاشکند، سمرقندقتارلق جایلرنی اشغال قیلب اسلام عرب عسکرلرینی اوگوزدە یاسیغا قدەر ئارقیغا چیکندوردی. سولوقاغان بو سوقوشدان قایتیب توقماق شهریگه کیلب توشکەنده، اسیغ کولنڭ شرقیدیکی سرغ تورگشلرنی اداره قیلب تورغان کول چورباغاترخان زیارەت قلیەن دیگەن نام ئاستیدا کیلب سولوقاغاننی اولتوردی. بو واقعەدن سوڭ قارا تورگشلر بلەن، سرغ تورگشلر اورتاسیدا سوقوش بولوب، کول چورخان قارا تورگشلرنی چندان یاردەم کەلتوروب یەڭدی.

## كاوسينچى وه كول چورخان

قارا توركشلرنى يوقوتوشدا كول چورخانغا ياردامغا كەلــ گەن چين عسكرينىڭ قوماندانى كاوسينچى، ياردەم بەرگەن فر صتتىن فايدىلينىب آلتاى، ايەل (چوچەك)نى اشغال قيلىب آلدى. كول چورخان بلەن اورتاسى بوزولوب سوقوش باشلاندى. كول چورخان مغلوب بولوب، كاوسينچى عربى توركستانغا قــدەر اشغال قيلىب عرب اسلام عسكرلرى بلەن توقونوشدى، عرب عسكرلرى طرەفيدين يېڭىلگەن كاوسينچى بر قانچە ئادەمى بلەن ئوز يورتىغا قاچىب كەتدى.

# 2ــ باب. اورتا چاغ تاريخى

## شرق اويغور دەولىتى

بوزون توركستاندين كوچوب باريب شمالى ماڭغولستاندا، يەرلىشىب قالغان اويغور قەبيلەسى ٨- عصردە شمالى ماڭغولستان دا شرق اويغور دەولىتى دەب بر دەولت قوردى. بو اويغــورلار هون، كوك تورك دەوريدە شولارغا تابعە بر قبيلە بولوب ياشى غان، ٧٤٠- يلى بايقال كولى اطرافيدىكى بسمل قبيلەسىنى اوزيگە بويسوندوروب، قارابالاساغوننى مركز قيلىب بر دەولت قوردى. بو دەولتنىڭ چېگاراسى غربى آلتاى، جنوبى گانسو، شەنسى گە قدەر كېڭەيدى. بو اويغور دەولىتى تورك خلقى ئچيدە يېڭى قوم بولغانلقىدىن اورخون دەرياسى بويىدا يېڭى مدەنيت ياراتب، تورك مدەنيتىگە يېڭى ئەمونەلر كرگوزدى. كوپ عالمەلر يېتشدى.

## شرق اويغورلرنىڭ توركپان اطرافيغا كوچوب كېلشى

شرق اويغور دولتىنىڭ اطاعيتى ئاستىدا يانا (يەنسى) دەر ياسى بويىدا ياشاواتقان قرغزلر ٨٤٠- يلى اويغور دەولتىگە قاز شى قوزغولاڭ كوتوروب، قارابالاساغوننى باسىب ئالدي. بــو

سوقوشدا يېڭىلگەن اويغورلار بىرەز مىڭ يىل ياشاغان شىمالى موڭ غولستاننى تاشلاپ بىر قىسمى گانسونىڭ شىمالى قىسمىغا كــوچوپ كەلدى: يەنە بىر قىسمى اوچ ايل (غەربى گانسو) قومول، قوچو، بەش بالىق، كىنگىت، لولان قاتارلىق جايلارغا كوچوپ كېلىپ بوبەر دە ياشاواتقان تورك قەبىلەسىگە ئارالىشىپ كەتتى. ئاز زامان اوت مەي بولار بو جايدا بىر اويغور ايدىقوت حكومىتى قوردى. بــو ايدىقوت قەشقەردە قاراخان دەولىتى قورولغــاندا قەيەر مستقــل ياشىدى.

# اويغورلارنىڭ دينى وە مەدەنيىتى

قەدىم زاماندا اويغورلار بومەن دىنىدا ايدى. 150 — يىلــى غەربدان كەلگەن بودىدا دىنىنى قبول قىلدى. 762 — يىلى چىن دەولتىدىن كەلگەن مانى دىنىغا كىردى. اسلام دىنىغا كىرگەنگە قەدەر بودا دىنىدا بولدى. مەدەنيەت جەھەتتە تارىخچىلارنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، مانجورىيە، مانگوليەدە ياشىغان تورك قەبىلەلەرى آراسىــدا اويغورلارنىڭ مەدەنيىتى اوستون ايكەنلىكى معلوم بــولغان. 7 — عصردە بەش بالىقدا ياشىغان بىر اويغور اديب چىن تىلىدا يازىلــغان سوترا (بودا كىتابى) نى اويغور الفباسى بىلەن توركچەگە ترجىمە قىلىپ چىققان. بو كىتابنى حاضر ياوروپا موزىخانەلەرى «آلتون ياروغ» دىگەن نام بىلەن ساقلىماقتا. اورخون بويىدا اويغورلارغا منسوب كوب آبىدەلەر، اثرلەر تاپىلغان. چوڭ بالىق (گوچوڭ) ايلى بالىق، مىڭلاق، سەمەى قالاس قاتارلىق شەھەرلەرنى اويغــورلار سالغان. هونلار، كوك توركلەر دەورىدە اولارنىڭ مصلحتچى، كاتىپ مهىم آدەملەرى اويغورلاردىن بولغان.

# قارا خانلەر دەولیتی

قدیمدن آلتی شهرده یاشاپ کەلگەن تورکلر کوپ زامانلار
غا قەدەر باشقا تورك قەبیلەلرینگ اطاعتی آستیدا یاشاپ کەلگەن
بولسەمو، 821 — یلی غا یەتکەندە، تیبت خلقینی هایدایب چقریب
خوتەن، آقسو، یارکند، کوچا خانلرینی برلەشتوروب بر مستقل
دەولت قوردی. بو دولتکە، بوروندقی آتا — بابالرینگ عنوانی بول
غان قاراخانلر دەولتی دیگەن نام بیریلدی. میلادی 880 — یلی
قارا خانلق تختیگە اولتورغان بوقاخان شمالدیکی اویغور ایل
قوت حکومتی بلەن سوقوشوب چرچن، لوب، میران دیگەن جای
لرنی تارتیب آلدی. بو وقتدا شمالدا قمول، آلتای، توربان، بەش
بالق، ایمیل، ایلی قتار جایلاردا اویغور ایلقوت دەولیتی، آلتی
شهرده قاراخان دەولتی میدانغا کەلگەن. اوندن صونگ قاراخانلر
دەولتی شمالدیکی قارلوق، یغما، توخسی، اوغراق، چیگیل قەبیلە
لرینی ئوزیگە بوی سوندوروب، بالاساغون بلەن، قەشقەرنی پای
تخت قلدی. کیین اویغور ایلقوت حکومتی قاراخان دەولتیگەمو
ئاریبات حالدا اطاعت قلدی.

# اسلام دین نینگ کیریشی

تورك خلقی اسلام دینیغا کرشدن بوروں بوددا، مانی، شمانی
دینلریدە ایدی. آلتی شهرده قارا خانلر دەولتی قورولوشدن بو
روں عرب اسلام عسکرلری کلیب غربی تورکستان تورکلری نینگ
کوپچولیکینی مسلمان قیلغان. غربدیکی اسلام دینی شرققە با
ضی سوداگر، سیاحتچیلر بلەن کرشکە باشلیدی. 932 نچی یلی
بوخارادیکی اسلام سامانی دەولتیدین ابونصر آتلق بر عالم کاروانلرغە
باش بولوب آرتوچ قا کەلدی. بو عالم یولداشلری بلەن نمازنی
تەبی اولتورغانیدی آوغا چقان خانلەر پادشاسی نینگ اوگەی ئوغ
لی ستوق بوغراخان کوروب قالدی. ستوق بوغراخان بونگەلر
حیران بولوب بولاردن سورادی. اسلام دینی نینگ حقیقتینی بیاز

قیلغانلدن صوڭ زیرەك ستوق بوغراخان ایمان کەلتوروب مسلمان
بولدی. اما مسلمان بولغانینی مخفی توتوب ئوزینڭ اشەنچلك
داملرینی مسلمان قیلب بر جمعیت تشکیل قیلدی. پلان بویچە
ستوق بوغراخان قەشقەرغە کیلب ئوگەی آتاسی ایسن بوغرا
خاننی اولتوروب، ئوزی خان بولدی. وە بتون قول آستیدیکی
یورتلارغا اسلام دینیغا کریشلر دەب بویروق توشوردی. بالاسا
بالاساغون، قارلوغلر قارشیلق کورسەتمەی مسلمان بولدی. اما
کوچا، خوتەن خلقی وە ایغورلار قبول قیلمای قارشی چقدی.
ستوق بوغراخان ئوزی خوتەننی قایتا اشغال قلب خلقینی
مسلمان قلدی. کوچار، قراشهرنی قولغا الب ایلدن ئویغورلار
غا هجوم قلدی. ئویغورلار بورونقی دیندان چقماسلق شرط آستی
دا ینە قارا خانغا اطاعت قلدی.

## موسی بوغراخان،هارون بوغراخان زامانی

ستوق بوغرا خان 22یل حکوم سوروب وافات بولغاندن
صوڭ ئوغلی موسی بوغراخان خان بولدی دیگەن خبرنی آڭلا
غان خوتەن خلقی، ئویغورلار ینە اطاعتدن باش تارتب قوزغو
لاڭ کوتوردی. موسی بوغراخان خوتەننی اشغال قلدی.

اسلام دینینی تارقاتشدا ستوق بوغرا خانغا یاردەم بەرگەن
ابونصر نڭ ئوغلی عبدالفتاح (لقبی الب تکین غازی) موسی بوغـ
را خاننڭ امری بلەن ایلیدیکی ئویغور لارغا هجوم قیلب، ای
ینیکی بود خانەلرنی چاقدی. ئویغورلارنی هایداب چقاردی.
3نچی یلی الب تکین غازی قاراشهر یولی بلەن تورپاندیکی ئوی
غورلارغا هجوم قیلب، ئویغورلارنی بەش بالق طرەفکە سوروب
چقاردی. ئارقادن قوغلاب کلگەندە بەش بالق رایونیغا کوچوب
چققان ئویغورلار تڭری تاغینڭ جنوبیدیکی تاغلارغا استحکام قو
روب قاتتق قارشیلق کورسەتدی. بوسوقوشدا الب تکین غازی شهید
بولدی. ئویغورلار ینە کوچلەنب تورپان، کنگتنی قایتوروب
آلدی. شهید بولغان الب تکین غازینڭ مازاری حاضر نەن سەن تاغیدادور.

هجرەنڭ 72نچى يلى موسى بوغراخان ئولوب، ئىنىسى هارون بوغراخان خان بولدى. بو ئويغورلارنى ئوز اطاعتى آستىغا كرگوزوب بولوب، عاجزلاب قالغان سمانى دەولتىگە هجوم قيلب رغانه، سمرقاند، بوخارانى ئشغال قلدى. هارون بوغراخا نسمز قندده الغريب ئولگەندن صونڭ بورونقى سمانى دەولتىنڭ قاچب كتكەن پادشاسى امرنوح سالجوق دەولتىدن ياردەم الب بوخارانى قايتوروب آلدى. بوغرا خانلر ئەولاديدن بولغان ايلكخان (على تكين) هجرەنڭ 371نچى يلى بوخارانى ينه باسب آلب 127يل حكوم سورگەن سمانى دەولتىنى يقتدى.

## قاراخان دەولىتى نىڭ عاقىبىتى

قراخان دەولتيدە هارون بوغرا خاندن صونڭ يوسوف قـدر خان، ايلكخان (على تكين) محمود بوغراخان، طغرول بوغـرا خان، ابراهيم خان خانلق قلدى. الڭاخرقى دەورلردە قاراخانلر دەولتى غربى توركستان شرقى توركستان دەب ايكى پارچەغە بولوندى. ئوردادىكى چيگرا پامىرتاغى، انجەدەرياسى بولدى. ميلادى 1136نچى يلى قارا خطايلر خانى نوسى گورخان شرقى توركسـتاننى اشغال قلب قاراخان دەولتىنى يوقوتوب خاقان دەولتىنى قوردى. 680يل حكوم سورگەن قاراخان دەولتى يقلدى.

## قاراخانلەر دوريدە مدنيت

قاراخان دەوريدە عرب مدنيتى بلەن تورك مدنيتى برلەشدى كوب عالم - فلاسوفلر يتشدى. يڭى عمارەتلر، جامع، مەدريسە، گومبازلار قورولدى. عسكرى اشلر رەسمى تشكيلى يولغاقويولدى. سازـموزيقا كوپ ريواج تاپدى. بو گونكى دەوردە بيوك كوب قممەتكە ايگە بولغان ديوان لغت الترك ئاتلق قاموسنى شو زاماندا محمود كاشغرى اشلەب چقان. عالم يوسف طرەفيدن قوتاتقو بليـك ئاتلق اثر مەيدانغا كەلگەن. بونڭ سرتيدا كوب رومان، قصە، حكايە، داستانلر يازلغان. بونڭ سرتيدا صناعت، تجارەت، زيراعتچلك كوب ترققى قلدى.

# قارا خطاى دەولىتى

مانجور يورتىنڭ جنوبى قسمىدا ياشغان قارا خطاى ناملق برتورك قەبيلەسى، شرق ئويغورلارىنى مغلوب قلغان قرغزلەر بلەن سوقوش قلب، شمالى ماڭغولوستاندن قرغزلارنى يورونقى يورتلرى بولغان ينى سى (ياما) غا قوغلىدى. ميلادى 907 - يلى قارا خطايلر شمالى چينغا هجوم قلب، پچلى رايوننى اشغال قلب بەى جىن (خان بالق) نى مركز قلدى 993 — يلى قوريەنى ئال دى. 1004 — يلى چين دەولتى قارا خطايلارغا اطاعت قلدى.

يوقوردا ايتلغان دويچە قارا خطايلار آلتاى يولى بلەن شرقى توركستاننى اشغال قلب قارا خانلر دەولتىنى يقتدى.

# اويغورلار قوزغلاشى

هجرەنڭ 605 — يلى ئويغورلار، قاراخطايلارنڭ ايدقوت يورتىغا قويغان باشلق شادكامنى اولتوروب استقلال اعلان قلدى. وە مانغوليەدە يىڭى باش كوتورگەن چڭغزخاندىن ياردەم سوراب دەور باى ناملق برئادەمنى كوب سوغات بلەن الچى قلب ايبەردى. چڭغز خانغا اويغورلاردن كوب معلم، كاتبلار ايبەرديلر چڭغز خان قبول كوروب ياردەم بەردى. قاراخطاى پادشاسى گور خان خوارزم شاەنى مغلوب قلغاندن صوڭ، ئويغورلار قورقوب چڭغزخاننڭ حمايەسىگە كردى. خوتەن خلقى هم قاراخطايلاردن باش تارتىب چڭغزخان حمايەسىگە كردى. بونڭ سرتىدا ايمل اطرافىدا كوچلوك خان باش كوتوروب قاراخطايلارنى سوقوشوب قاچردى

# يورتنڭ چيڭغزخان قوليغا اوتشى

ميلادى 1217 — يلى چڭغز خاننڭ چەنە نويان ئاتلق برقوماندانى قارا خطايلر دەولتىنى يقتقان كوچلوك خان بلەن سوقوش باشلىدى. بو سوقوشدا ئويغورلر، قارلوقلر چڭغز خانغا ياردەم بەردى. كوچلوك خان قەشقەر، بەدەخشان قاتارلق جاي

لەرغا چیکینەب باریب ئاخری ماڭغوللار قولیدا ئۆلدی. چڭغز خان ئالتی شەرگە ئۇیغورلاردن ماڭلای سەریا ئاتلق ئادەمنی باشلق قیلدی؛ بو ئادەم ئاقسانی بولغانلقدن چڭغزخان ئۇنی دوغلات دەب ئاتار ایدی. (دوغلات موڭغولچە ئاقساق دیمەکدور) چڭغز خان دەورینە سودا تجارەت کوچلینب چڭغز خان طرەفیدن تورت یوز کشیلك بر کاروان شرقی تورکستاندن خوا رزمغا باردی. بو تورت یوز ئادەمنی خوا رزم شاهی چڭغزنڭ جاسوسلری دەب بوخارادا ئۆلتوردی. بو سبب بلەن چڭغزخان غربکە یو وش قیلب سوقوش باشلادی. ئاخری غرب تور کستان هم چڭغزنڭ قولیغا ئوتدی

# چیڭغز خاندن سوڭغی احوال

چڭغزخان حیات واختیدا ئۇزبگە طابع بتون دەولتنی 3 ئوغلیغا تقسم قیلب بەرگەن. غربی تورکستان وە شرقی تورکستاننڭ ئالتای ایمیلدن باشقا جایی 2نچی ئوغلی چغتایغا بولوب بریلگەن. ئالتای ایمیل 3نچی ئوغلی ئوکتایغا بریلگەن؛ چڭغزخان دەولتینڭ چیگراسی غرب بولغاریە، شمالی سبریە، شرقی یاپونیە، جنوبی کوك دەریا، تبەت ایرانغا قەدر کەڭەیگەن. چغتای خان ئالمالقنی پای تخت قیلدی. چڭغزخان ئولگەندن صوڭ 1228نچی یلی قارا قورومغا باریب ئوندا تورد ی. قوبلادا تورغان ئوکتای خاندانی ئالتی شەردیکی دوغلات بگنی، ئۇیغور ایدقوت حکومتنی ئۇزبگە اطاعت قلدوردی. بورون بولر یەرم مستقل حالدا یاشیغان. چڭغزخان زامانیدا ئۇیغورلارنڭ علماءلەریدن کوب علم وە یازو ئوگونوب حکومت اشلرینی ایلب بارغان:

چغتای ئولوب بالالری زامانیدا ایمیلدن ایسن بوغاخان باش کونوروب چغتای دەولتیگە باش بولدی.

# تۇغلۇق تمور دەورى

ايسەن بوغاخان ئۇلوپ ئورنىغا خان بولغودەك ئوغلى يوق
ايدى. كىچىك خاتونىدىن بولغان 8 ياشار توغلوق تمورنى چوڭ
خاتونى ماڭغولىيەگە هايداۋاتقان بو ئورتادا خانلىق تالاشىپ چغ
تاي، ئوكتاي اولادى ئورتاسىدا سوقوش چىقدى: ئاخرى بول
ماي توغلوق تمورنى 18 ياشقا كىرگەندە خانلىق تختىگە ئولتور
غوزدى. توغلوق تمور خان بولوپ 4نچى يلى مولانا راشدالدىن
ئاتلىق عالمنىڭ دەعوەتى ايلە اسلام دىنىغا كىرگەندىن صوڭ مسل
مان بولميغان ئادەملرنى مسلمان قيلدى: شرقى تورکستان خاخان
بولغان.

بو توغلوق تمور ميلادى 1328—يلى غربى توركستاندا چىڭغز خان كىيىنىنى
يىقتان بارلاس توركلرىگە قارشى سوقوش آچدى وەغربى توركس
تاننى قولغا آلدى. كىيىن بونىڭغا قارشى غربى توركستاندىن ايل
ياس خوجە، تمور بگلر قوزغولاڭ كوتوردى. توغلوق تمور ئول
گەندىن صوڭ توركستاندا تمور بك، امير حسن، ايلياس خواجە،
قمرالدىن بك، شمس الدين بك، دوغلات بكلر ئورتاسىدا كوپ تال
لاش تارتشلر بولوپ ئوتدى.

# ئويغورلرنىڭ مسلمان بولغانى

ميلادى 1357-يلى توغلوق تمورنىڭ كىچىك ئوغلى خضر خوجە ئوغ
لان خانلىق تختىگە ئولتوروپ، 1355—يلدىن باشلاپ چين عطاعتىدە
بولوپ قالغان قمول، باركولغا 1381—يلى عسكر ماڭدوروپ، بو
جايلارنى اشغال قيلدى. وەايلى قوت حاكىميتىنى يوقوتوپ، بو
واقىتقا قدەر مسلمان بولماي كەلگەن ئويغورلارنى قاتتىق سو
قوشلاردىن سوڭ زورلاپ مسلمان قيلدى. خضر خوجە ئويغور يور
تىنى آلغاندىن صوڭ تورپاننى بغا قيلىپ (تورپان ماڭغولچە مىوە
لك دىگەن سوزدور) ويلايت مركزى قيلدى. خضر خوجە زامانىدەن
باشلاپ تورپان اطرافىدىكى ئويغورلر اسلام دىنىغا كىرگەن
بولدى:

# چیغتای موغول دەولیتینك ییقلغانی

چغتای اولا دیلەن بولغانخضر خوجه خان وافات بولغانـــلەن صوڭ ئونوڭ ئولادیلەن محمد خان، شمع جهان خان، شیر محمد خان، اسین بوغا خان، یوسف خان، سلطان محمود خان، محمد شیبانی خانلر خان بولوب ئوتدی.
سلطان محمود خانغا قدەر بولغان 300یللق دەولتنی چغتای موغول دەولتی دەب آتایمز. چغتای دەولتی دەوریدە تالاس، ایلی، یتیسو، ایمیل آلتای ئولکولری سوقوش میدانی بولوب مدەنی شەرلر خراب بولوب، بوجایلار کوچمەنچی ماڭغوللار نڭ یایلاقیغا آیلاندی. آلتی شەر، بەش بالق، تورپان ئولکه لری ئوزچه وەیران بولمیدی. سلطان محمود خاننڭ وافاتی بلەن چغتای دەولتی ییقلدی.

## سعیدیه دالای دەولیتی

سلطان محمود وافات بولغاندن صوڭ چغتای ئەولادیدن خان بولمودك آدام قالمیدی. آلتی شهر نڭ غرب وەجنوب قسمی سلطان، ابابکری ایدارەسیدە، کوچاردن قمول، بەش بالق، ایلیغا قدەر جای آلاچه خان ئوغلی منصور خان نڭ ادارەسیدە، اسیغ کــول اطرافی وەیەتتیسو ئولکه لری کوچمەنچی قبیلـــەلر ایدارەسیدە بولوب قالدی. 1502 یلی سعیده خان سلطان آبابکرینی قاچیروب ئوزینی شرقی تورکستانغا خان قیلب، ملی تورك دەولتی قوردی. سعیده خان بولسا، احمد آلاچه خاننڭ ئوچونـــچی ئوغلی دور. سعیده خان کوچلانغاندن سوڭ آغالری بولغان منصور، ایمین خواجەلر هم ئونوڭ اطاعتیگه کیری.
سعیده دەولتینڭ چیگاراسی غربی پامیر، فرغانه، شمالی بالقاش کولی، تارباغاتای تاغلری، شرقی دەـــوڭغولستان، چینغا قدر بولدی. 1505- یلی سعیده خان ختەنگه سیاحت قیلدی. بو واقتدا چرچن چارقلق وەقریم اهالیسی بولغان ئویغورلار اسلام

دینینی قبول قلمای بوددا دینیدا قالغان ئیدی. سەئیدە خان سریغ ئویغورلارنی ئىسلام دینغا کیرگوزەلمەی ئوچون چریك ئەسکەر ماگدوردی. سریغ ئویغورلار ئوزاق تاغ، جانگگالارغا قاچىپ كەتتى. سەئیدە خان خوتەندە تورغاندا قاراقول (ناریم بارس خان) دیگەن قرغزلار والیسی مەحمەد، سەئیدە خاندن باش ئورمەك ئوچون ئوزبەكلر بلەن دوستلیق توزدی دیگەن خبر ئاڭلاندی. سەئیدە خان دەرحال بارسغانغا باریپ مەحمەد قرغز باشلق قرغزكانغا لرینی توتوپ، ماللرینی ضبط قیلیپ، قرغز لارنی ئوز اطاعتیدە ساقلاپ قالدی.

# قازاق وە ئوزبەكلەر

قدیمقی زامانلاردین باشلاپ شرقی یاوروپا، سبر، خزر، آرال دیگزی، توبول، ایرتش دەریاسی بویلریدا یاشیغان كوچمنچی تورو كلەر نایمان، كیرایت، قونگرات، ئویرات، پنچك، آلاچ، آرغون، چاپاس، قاما، باشقرد، چواش، چرمیش، چگل، بسمل، قالاچ دیگەن نام آستیدا یاشاغان. چنگغز خاننڭ آلتون ئوردا دەولیتی زەعیفلاشقاندا، بولار آلتون ئوردانڭ اطاعتیدان قاچیپ یراق جایلارغا باریپ عصیان كوتوروپ استقلال اعلان قلغان. بو قاچقوچی تورکلەرگە قزاق آتی بریلگەن. شوندان باشلاپ بولارغا قازاق آتی سنگگەن. 1481 ـ یلی احمد كدای خان، برانلوق خان، قاسم خانلەر قپچاق دشتی، سبردە پاشاواتقان پوقارنی كوچمنچی تورکلەرنی ئویوشتوروپ بر دەولت قوردی. بو دەولت 1723 ـ یلغاقەدەر یاشادی. بونگغا قازاق دەولیتی دەپ نام بریلدی.

ئوزبیك بولسا، چنگغز خان اولادیدین غربی توركستانغا خان بولغان بر خان ننگ لقبی، بو لقب آستا ـ آستا بر خلقنڭ نامیغا ئوزگوروپ، غربی توركستان خلقی ئوزبك خلقی دەپ آتا لیشقا باشلیغان.

# قازاق قرغز قالماق واقعەلری

سعیدیە دەولیتی 1510 — یلی ایمیلدیکی قالماقلەرنی ئوزیگە قاراتدی. بولار بورون چغتایغا قاراب، کیین مستقل پاشاغان 1513 — یلی قازاق خانی طاهر خان ئوز تابعەسی منغت قەبیلەسینك قوزغولوشی بلەن یکیلب، سعیدیە خان حمایەسیگە قاچب کیلب، بو جایدا توروب قرغزلار بلەن مخفی علاقە توزدی. 1514 — یلی طاهر خان قرغزلار بلەن برلشب تویوقسزدین قوچقار باشیغا هجوم قیلب کردی. بونی سعیدیە خان آڭلاب دەرحال عسکر ماڭدوردی. طاهرخان، قرغزلار ایلینك شرق طرەفیدیکی کونگس یایلاقیغا یوتکولوب آلدی. آخری سعیدیە خاننك قوودتی عاجزلاب قازاق وە قرغزلار شرقی توركستاننك شمالی قسمینی ایگیلەب بر دەولت تشکیل قیلدی.

# سعیدیە دەولتینك آخرقی دەوری

سعیدیە خان آخرقی دەوردە ئوغلی سلطان عبدالرشید، کیوغلی حیدرمرزالەرنك قوماندانلیقی بلەن بلورستان، بدخشان، تیبت، کشمیر، کوکو قاتارلق جایلەرنی ئوز اطاعیتی آستیغا کرگوزدی. سعیدیە خان وافات بولوب ئورنیغا ئوغلی عبدالرشید خان بولدی. بونك زامانیدا ئالتای، ایمیل دن باشقا شرقی توركستان توپراغی سعیدیە ملی دەولتی بولوب قالدی. بو دەوردە یورتدا تنچلق داوام قیلدی. 1559 - یلی عبدالرشیدخان ۋافات بولوب ئورنیغا اوغلی شجاع الدین خان بولدی. تورپان والیسی منصور ئورنیغا اوغلی شاه خان بولدی. سعیدیە ملی دەولتینك آخرقی دەوریدە ئونك اولادی عبدالکریم، محمدخان، عبداللطیف نر خان بولوب ئوتدی.

عبدالرشید خان اولادیدن تورپانغا والی بولغان عبدالرحیم خاننك ئوغلی عبدالله خان اچکی اختلافنی باستوروب، بتون سعیدیە دەولتیگە خان بولدی. 1639 - یلی یارکندنی مرکز قیلب ئوزینی خان اعلان قیلدی. عبداللەخان غربکە یوروشکە حاضرلینب تورغاندا، خوقەند، تاشکند خانلری هم اطاعت قیلدی. عبداللەخان یورتنك سوچیلاق تعمیرات اشلریغا کوب کوچ چیقاردی؛

1656 - يلى چرچن تاغلريديكى سرغ ئويغورلارنڭ قوز غولاڭى باشلاندى. عبدالله خان بوقوزغولاڭنى باستورماق ئوچون كوب عسكر ماڭدوروب كريا، چرچەن تاغلريديكى سرغ ئويغورنڭ كوب قسمىنى ئولتوروب، قوزغولاڭنى باستوروب آلدى.

## قالماق لەر استىلاسى

عبدالله خان زامانيدا، قالماقلر كوچلونوب، قازاقلرنى يېڭىب 1651 - يلى غولجا، بەش بالق، تورپان، قمولغا قدەر هجوم قلب عبدالله خاننڭ قووەتينى عاجزلاتدى.

شونداق قلب فقط آلتى شهرلا عبدالله خان ادارەسيدە بولوب قالدى. عبدالله خان ئوز ئوغلى عبدالمومننى ئولتورغوزوب ئوزى هندستان، مكە قاتارلق جايلارغا باريبچەتدە ۋافات قولدى. عبدالمومن، يولبارس ئاغا اينى ايككيسى ئورتاسيدا سوقوش چققاندا، عبدالله خان اينسى اسماعيل بواچكى اختلافنى باستوروب ئوزى خان بولدى. بونڭ زامانيدا مهاجر خواجەلردن هدايت الله خواجەنڭ نفوسى كوندن - كونگە كوپەيدى. بوآدام خانلق تختينى قولغا آلماق ئوچون مريدلريدن فايدەلينب 1668 - يلى ياركندنى اشغال قلب، اسماعيل خاننى اسيرقلب ئوزىنى خان اعلان قلدى. 3 - 4 ئاى ئوتمەى خانلق خاندانيدن محمد ايمن خان قووەت توپلاب هدايت الله خاننى ياركندىن هايداب چيقاردى. هدايت الله خان ايلى غا قاچىب باريب، قالماق خانى گالدان قونتاجى دن ياردەم سورادى.

# 3 — باب كيينكى زامان تاريخى

## قالماقلر دورى

ئوزوندن آلتى شهرگە كوزى توشوب تورغان قالماق خانى گالدان قونتاجى، هيدايت الله خاننڭ بــوتيلەگەن ياردەمينى قبول قيلدى. قالماقلر ئوز لرينڭ شرف عنۋانى بولغان آپاق عنۋانى تقدم قيلدى. شوندن سوڭ مريدلرى طرەفيدن هيدايت الله

خاننى آپاق خواجه دەب آتايدىغان بولدى. گالدان قونتاجى
1671 — يلى آپاق خواجەنى آلدىغا سالب قالماق عسكرلرى بلەن
التى شهرگه هجوم باشلادى. بوهجومدا آپاق خواجەنىڭ تشويقى
بلەن ئونوڭ قەشقەر، ياركندىكى مريدلرى اچكى طرەفدن يار
دەم بەردى. آخرى آلتى شهرنى قالماقلر استيلا قيلب آلدى.
170 يل حكوم سورگەن مللى سعيدىه دەولىتى ييقلدى. آپاق
خواجه قالماقلر طرەفيدن آلتى شهرگه عمومى والى بولوب بەلگولەن
دى. گالدان قونتاجى ئولگەندىن سوڭ ئونوڭ نبرەسى رابدان
خان بولوب تورپان، ايلى، ايميل آلتاينى اداره قيلب، 1701- يلى چين
دن ئوروشوب موڭغولستان، قمول، باركوللرنى قايتوروب ايلب،
چينني هم ئوز اطاعتيگه كيرگوزدى.

رابدان ئولادى دۋانسى، آمورسنالار زامانيدا بولار ئورتاسي
دا خانلق تالاشيش سوقوش كوتورولوب، آمورسنا مغلوب بو
لوب بەى جينگه باريب، چين خانى چەنلوڭ (مانجور) دن ياردەم
سورادى. چەنلوڭنىڭ ياردىمى بلەن آمورسنا چيقب دۋانسى خانه
نى يوقوتوب ئوزى خان بولدى. ياردەمگه كەلگەن چەنلوڭ عس
كرلرى قايتب كەتمەى تورغانلقدىن 1752 انچى يلى آمورسنا چەن
لوڭ عسكرينى چيقارماق ئوچون سوقوشدى. بوعسكرلرنىڭ قو
مانداني چاوخونى قاچب كيتب، 2نچى قيتم كوپ كوچ بلەن چيقب،
آمورسنانى سبرگه قاچوروب ايميل، آلتاى، غربى موڭغولستاننى
ايمال قيلب آلدى. شونداق قيلب 1753 انچى يلى قالماق دەولتى
يقلدى.

# اپاق خوجه دورى

بوقورقى سورەت بلەن آپاق خواجه والى بولوب بر قانچه
يل ئوتكەندىن سوڭ وافات بولدى. بونوڭ ئورنيغا گالدان قون
تاجيننڭ ئوغوللريدن بيرى والى بولدى.
بوقالماقلارنىڭ ادارەسى ئاستيدا بولوب قالغان آلتى شهر
خورونقى مدەنيتى خاراب بولدى. قالماقلر خلققه كوب ظلوم
سالغاندن قوزغولاڭ كوتورولوشكه باشلىدى. آپاق خواجه نسلى

ئەولادى ئىككى پارچەغە بولونوب، برقىسمى قالماقلارغە قارشى عصيان كوتوردى. ينە برقىسمى قالماقلار اطاعتيدە بولماقنى استەدى. ئۇلار تادا سوقوش چقدى. بو ايككى گروهنىڭ قالماقلارغا قارشى چققان پامير تاغلريدىكى گنجوتلاردن ياردەم ئالغانلاريغا قارا تاغلق دىگەن نام بيريلدى. قالماقلاردن ياردەم ئالغان گروهغا ئاق تاغلق نامى بيريلدى. بو ايككى پارچاغا ئايريلغان قاراتاغلق، ئاق تاغلقلار اوزون يللار ئوزئارا سوقوش قلدى. كوب قان توكولدى برقانچە قيتم اوزآرا قتل عام هم بولوندى.

1695 — يلى غا يەتكەندە قارا تاغلقلار غالب كيلب، تمام آلتى شهرنى اشغال قلدى. ئولمەى قالغان ئاق تاغلقلار دانيال خواجە باشلق ايلىغا رابدان خاننىڭ قاشىغا قاچىب باردى.

رابدان خان كوچ توپلاب دانيال خواجەنىڭ اوغلى بورهان خواجەنى كوب قالماق عسكرى بلەن آلتى شهرگە ماڭدوردى. 1726 — يلى قارا تاغلقلار حكومتىنى يقيتب، ئاق تاغلقلار حكومتىنى قوردى. رابدان خان كوچاغا خوجەسى بگنى، خوتەنگە بورهان خواجەنى، قەشقەرغە ئوزاينىسىنى والى قلدى.

## مانجورلار استيلاسى

ميلادى 1750 — يللريدان باشلاب بتون چين مانجورلارنىڭ ادارەسى ئاستيدا بولوب قالدى. شرقى توركستاننى قالماقلار ادارە قلغان زامانلاردا چيندا مانجورلار كوچلونوشقا باشلىغان ايدى. كيىنكى زامانلاردا مانجورلار بلەن قالماقلار ئورتاسيدا برقانچە قيتم سوقوش هم بولدى.

قالماقلاردن بورهان خان آلتى شهرگە والى بولوب تورغانلىقدا قالماقلار خلقنىڭ مال ملكينى بولاش، آدەم ئولتوروش، اشلارىنى كوچايتدى. ظلوم حديدن آشدى؛ قوزغولاڭ كوتوردى. كوب آدەملار ئولدى. هيچ برعلاج بولميدى. بورهان خواجەنىڭ ظلميدن قوتولماق ئوچون هربر شهاردن بر؛ ايككى آدام قاچىپ چيقىب 14 گە قدر آدەم برليشب مانجور خانى جەنلوگدن ياردەم سوراب بيجىنگە باردى، جەنلوڭ بولارنى ياخشى كوتوب ئالدى.

1752 — يلى چەنلوڭ ئامور سنانى بوقانماق ئوچون چاوخونى
بلىغا ماشلدورغاندا، ماكور توركستانلقلارنى قوشوب برگــه
مــاشــلدوردى. بــوآدامــلار آلــدى بــلــەن تــور فــان،
آلتى شەرگە مخفى آدەم ماشــلدوروب، مانجولارنڭ ياخشىلىقى
وە ئولارغا ياردەم برش لازملىقى حقىدە تشويق يورگوزدى. چاو
خونى آمورسنا بلەن سوقوشوب تورغاندا، بوآدەملەرنڭ يورگوز
گەن تشويقى آرقاسىدا، تورفان، كوچا اھالىسى قالماق كاتــتا
لرينى ئولتوروب، مانجولارغا ياردەم بەردى. چاوخونى ايلىنى
ايلب، قەشقەرغە كەلگەندە، آق تاغلقلار مغلــوب بولوب بورھان
خواجە بدخشانغا قاچدى. ياركند، خوتەنلەر ئوروشسىز مانجولار
نڭ قولىغا ئوتدى. آلتى شەردە قالماقلار تاثيرى توگــوگەندن
سوڭ، چاوخونى ايلىغا قايتىب بروب، ايلىنى پاى تخت قيــلدى.
چەنلوڭ شرقى توركستانغا عمومى والى ( جاڭجوڭ ) قيلب چاو
خونى بەلگولىدى. بو عمومى والى (جاڭجوڭ) بتون شرقى تور
كستاننى 36 ناحيەگە آيريب، ھر بر ناحيەگە بردين آمبال(حاكم)
قويدى.

# بريىنڭ ظلميدين قوتولوب يانا بريىنڭ ظلومىغا ئوچراش

يوقورقى آدەملەر قالماقلارنڭ ظلميدان قوتولماق ئــوچون
مانجولارنى باشلاب چيقب، شرقى توركستاننى ئولارنڭ ظلومىغا
ئىغلاب بەردى. عمومى والى بولغان چاوخونى تاريخى بنالەرنى،
مزار، گومبەز، جامع مدرسەلارنى بوزوب، ئولارنڭ ئورنىغا باجخانە،
تجارتخانە، بوتخانە عسكرخانەسالدى. يورتدىكى باى آدەملرنى تور
مىلار بلەن يوقوتوب ئولارنڭ مال—مولكنى تارتيب آلدى.
ئوان—سلق، كوپەيدى. ظلوم بارغانسيرى كوچايدى، آلتى شەر
دن كوب آدەملەر قاچيب غربى توركستانغا كوچوب كەتدى.
چەنلوڭ شرقى توركستاننى قولىغا ايلب بولغاندن سوڭ بو
يون ياردەم تيلەب آلدىغا كەلگەن وە مانجور عسكرلرى گە ياردم
برگەن آدەملەرنى بەى جنگە چاقرتدى. بولارنڭ يەتكوزگەن خز

مەتىگە قاراپ واڭ، چىڭ واڭ، گوڭ لوق خىزمەت بېرىپ قايتۇردى. بۇ واڭلەر يۇرتقا قايتىپ كېلىپ، بى واسطە بىيجىن خانغا قاراپ ئۆز يۇرتىدىكى خەلققە حاكىم بولوپ ئالدى. بۇ واڭلەرغە ھەر 2 سە يىلدا بىر قېتىم بەي جىن خان ئالدىغا زىيارەتكە بارىدىغان بولدى. بۇ واڭلاق مەنصەپ بالاسىدىن-بالاسىغا قېلىپ، بولارغا قارىغان خەلق ئۇلارنىڭ قولى حالىغا كېلىپ قالدى. مانجۇرلار شەرقى تۈركىستاننى ئۆز تەسىرىنى كۈچەيتماق ئۈچۈن يۈز مىڭ ئۆيلۈك مھاجىر (چىن مانجۇرلار) كۆچۈرۈپ، ايلى، يەتى سۇ، بەش بالىق رايونلرىغا ئورۇنلاشتۇردى. بۇنىڭ سىرتىدا ايلىدا بولغان مانجۇر عسكرلرىنى باقماق ئۇلارنى تەمىن قىلماق ئۈچۈن آلتى شەھەر تۇرپاندىن يۈز ئۆيلۈك كىشى قىلىپ بىرنچە قېتىم دھقانلارنى كۆچۈرۈپ ايلىغا الىپ باردى بولارنى دھقانچىلىق قىلماققا سالدى. بۇ گۈنكى ايلىدا بولغان تۇرپان يۈز، جلىل يۈز، عبدالرحمن يۈز، كېپەك يۈز محلەلرى شو كۆچۈرۈپ بارىلغان دھقانلاردىن قالغان ئسملەر. بولارنى كۆھنە تۈرك تىلىدا تارانچى دەپ آتاغان.

1794 انچى يىلى چېلى ئۆلكەسىدە ئاتالى فرقەسى انقلاب كۆتۈرۈپ، سەنشىڭ، خونەن، گەنسولارنى ئشغال قىلدى. چەتئەللىك بۇ انقلابنى باستۇروشقا كىرىشكەندە، ئۇنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى تەسىرى عاجزلاشقا باشلىدى،

## مانجورلارغا قارشى بىرنچى قوزغولوش

ئورال تاغلىرىدىن يىنسى دەرياسىغىچە، آرال بالقاش، تارباغاتاي قەدەر بولغان جايلاردىكى قازاق دولتىنى 1793 ىنچى يىلىغاقەدر ايلگىر — آخىر بولوپ روسلار باسىب الىب، ايلى رايونىغە قەدر يىتىب كېلىب قالدى.

مانجورلارنىڭ شەرقى تۈركىستان خەلقىنى چىنلاشتۇرماق ئۈچۈن واڭ گوڭلارغە مانجورچە كىيىم كىيەلك، مانجورچە عادەت تۇتۇشنى بويروغانى اسلام، شرعى يوللاردىن توساپ بودقا باش ئورۇشقا مجبور قىلغانلىقى خلقنى زور ناراضىلىق توغولدى. شونىڭ ئۈچۈن 1118 انچى يىلىدىن باشلاب يۇرتنىڭ ھەمە جايىدا مانجورلارغا قارشى

قوزغولاڭ كوتوروللدى. مانجورلارنى وه چندىن كلگەن محاجرلرنى
يوقوتوپ هربر شهر آيريم — آيريم مستقل بولوپ آللدى. ب—و
قوزغولاڭچىلر برلىشالماى تورغانلدا، فرغانه خانى عمرخان فرغا
نەدە ياشاواتقان جهانگر خواجه (آپاق خواجه اولادى) نى كوپ عسـ
كر بلەن قەشقەرغە ماڭدووردى. جهانگر خواجه قەشقەرغە كلب
انقلابچىلر بلەن برلىشب اطاعت قلمىغانلرنى يوقوتوپ ئوزىنى پـ‍ـاد
شاه اعلان قللدى. بو واقتدا، قاراشهر قالماقلرنىڭ قوليدا، ايلـ‍ـى،
بەش بالق، توروپان مانجورلارنىڭ قوليدا قاللدى. 1814 نچى يلى مانجور
خانى تاوكوك شرقى توركستانغا كوپ عسكر ماڭدووردى. بو عس
كرلر كوچارغە قدەر اشغال قيلب جهانگر خواجه بلەن نهايتى قاتـ
تىق سوقوشلدى. 1820 نچى يلى جهانگر خواجه مغلوب بولوپ مانجور
لارغا ئەسر توشلدى. جهانگر خواجەنى بەيجنگە الب باريب ئولتوردى.
1836 نچى يلى انگليز چين ئورتاسيدا ئەفيون سوقوشى چقلدى
مانجورلارنىڭ قووەتى كوچاردن ئوتالمىدى. قەشقەر، ياركند، آقسو
لار جهانگر خواجەنىڭ ئوغلى قوليدا قاللدى.
خوتەن عبدالرحمان آتلق بر آدەم قوليدا قاللدى. افيون سوقوشى توگوم
گەندىن صوڭ 1845-يلى مانجورلار يانا چيقب توروپان، قاراشهر، ا
لى نى ايلب، قالماقلەردن كوپ عسكر ايلب آلتى شهرگە هجوم
قللدى. قەشقەرديكى حاكم خواجەلار فرغانه، هندستانغا قاچدى
بتون آلتى شهر مانجورلارنىڭ قوليغا توشلدى. بو وقتدە مانجورلار بو
يورتنىڭ دينى اشلريغا توسقونلوق قلميدى، آلوان-ياساقنى آز
چە ئارتدوروميدى.

# 2 نچى قوزغولوش

1851-يلى هەمە جايدا مانجورلارغا قارشى قوزغولاڭ كوتور
لوپ، خوتەندن توروپانغا قدەر جاى مانجورلاردن تازيلاندى. اما
بو انقلابچىلەر بر-برى بلەن برلىشالماى تورغاندا، فرغانه خا
نى شيرعلى خان جهانگر خواجه اولادى ولى خان تورەنى قەشـ
قەرغا كرگوزدى. ولى خان توره آلتى شەهرنى قولغا ايلب، تمام
مانجورلارنى يوق قللدى.

اەما 1826 يلى مانجورلار 3نچى قيتم شرقى توركستانغا هجوم قيلب، وەلى‌خان تورە بلەن سوقوش قالدى. وەلى خان تورە فرغانەغە قاچدى، مانجورلار قەشقەر خلقىنى قتل عام قلدى. بو قيتم مانجورلار قەشقەر آهالىسىدين برنچەمڭ اويلوك ئائەمنى اسير قيلب، بەيجن طرەفكە ايلب كەتدى.

1838-يلى چين—انگليز، فرانسوز اورتاسيدا 2نچى افيون سوقوشى چقدى. بونڭ سرتيدا اچكى طرەفدين تەيپين انقلابى قوزغالدى. بوننەن اولكەسيدە ذوون‌سو (سلمان) آتلق بر تونگان انقلاب كوتوردى. بونڭ آرقاسيدا، مانجورلارنڭ شرقى توركستاندكى قوۋەتى عاجزلاب قالدى.

## 3نچى قوزغولوش

چيندا بولغان اچكى قوزغولوشلاردين فايدىلنب 1839-يلى ايلى، يتى‌سودا ترانچى، تونگانلار برلشب، ايليدكى جاڭجوڭ باشلق مانجور مەئمورلرينى يوقوتوب استقلال اعلان قلدى. كوچادا تورك تونگانلار برلشب راشدالدين‌خاننڭ رەهبرلكى آستيدا انقلاب كوتوروب، كوچا، آقسو، كورلا، قاراشهر، تورپان، قمول، باركول، اورومچيلەرنى مانجورلاردين آزادلدى.

خوتەن خلقى حبيب‌اللە حاجم اوغلى عبدالرحمان، ابراهيملارنڭ رەهبرلكيدە انقلاب كوتوروب، گوما، چرچن، كريەلرنى مانجورلاردين آزادلدى.

قەشقەر خلقى صدّيق بەگنڭ رەهبرلكيدە انقلاب قلب، ينكى حصار، فيض آبادنى اشغال قلدى.

ياركند خلقى، تونگانلار بلەن برلشب انقلاب قلدى. بو شرقى توركستاندكى انقلابقا ياردەم بەرگەن تونگانلار بولسا، اچكى چيندە انقلاب كوتورگەن تونگانلاردن برقسمى‌نڭ بوياققا سورگون قلنغانلاريدور.

# يعقوب بك دەورى

يوقوردا ئەيتلغان بويىچە قەشقەر انقلابچیلری صدق بەگـــا قەشقەرنى اشغال قیلب تورغانىدا، كوچار انقلابچیلری نىڭ باشلیغى راشدالدین بك عسكر تارتیب قەشقەرغە باسب كر دى. بونىڭغا ناراضی بولغان صدق بك فرغانە خانی خدایارخاندین ياردەم سوردى. قەشقەرنى قولغا توشورەمەك مقصدى بولغان خدایارخان جهانگیرخواجەنىڭ اوغوللریدین بولغان بزرك‌خان تورە نی عسكر بلەن قەشقەرغە ماڭدوردی. خدایارخان قاماب قویغان يعقوب‌بك ناملق بر ئادەم بزرك‌خان تورەنىڭ دوستی بولغانلقدین، بوكشی‌نی اوزی بلەن قەشقەرغە ايلب بارماقنی سوردى. بزرك خان تورە، يعقوب‌بك‌لەر عسكر باشلاب قەشقەرغە يقنلاشقانىدا، راشدالدین بك قەشقەرنی بوشوتوب، چیقب كەتدی. صدق‌بك قەشقەرغە كیلب ئالدی. بزرك‌لەر قەشقەرغە كیلیلا صدق‌بك‌كە سوئقصد قلماقچا كریشب، اونی مخفی اولتوردی. قەشقەرغە بزرك تورە باشلق بولدی.

بزرك‌خان تورە، قودانىدان يعقوب‌بك ياركندگە يوردی. عبدالرحمان پادشا كوب قارشلق كورسەتكەن بولسیمو، يعقوب بك تورلی حیلە-مكراونی اشلیتب اولتوروب ياركند، خوتەنلرنی اشغال قلدی. يعقوب‌بك سوقوشدان قايتب بیرب، بزرك‌خان‌غا ئاز تولا ئالتون، كموش بیرب، حیلە بلەن قەشقەردین هندستانغا هايداب چقرب اوزی پادشا بولوب ئالدی.

املدی كوچانی قولغا آلماق اوچون يعقوب بك «مینڭ كوچاردا كوزوم يوق، قمولغا مانجورلار كیلب قالیدور، مەن شولار بلەن سوقوشمەن، سیلەر ماڭا ياردەم برسەڭلار» دیگەن حیلە بلەن كوچارغا باسیب كردی.

## يعقوب بك بلەن تونگانلار سوقوشی

يعقوب‌بكنىڭ كوچی كورلاغا يیتب بارغانىدا، اوروم‌چیدیكی تونگانلار دەرحال تورپاننی اشغال‌قیلب، اوندان عسكر ايلب قار

شەھەرگە كېلىپ قارشىلىق ئالدى. يەقۇپبەك تۇنگانلارنىڭ قوۋۋىتى
ئوزىنىكىدىن ئارتۇقلىقىنى بىلىپ، قەشقەرگە قايتىپ كەتتى.

بۇ ۋاقىتتا چېرنيەفنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا روسلار غەربى
تۇركىستانغا باسىپ كىرىپ، فەرغانە، سەمەرقەند، بۇخارالارنى ئىشغال
قىلىپ خۇدايارخاننى يوقاتتى. غەربى تۇركىستاندىن كوپ ئادەملەر
روسلارنىڭ باسماچىلىقىدىن قاچىپ قەشقەرگە كوچۇپ كەلدى.

يەقۇپبەك، غەربى تۇركىستاندىن قاچىپ كەلگەن مۇھاجىرلارنى
ھەربىر شەھەرگە باشلىق قىلىپ بەلگىلىدى. يەقۇپبەك ئۇرۇمچى، تور
پان، ئىلىنى ئالماق ئۇچۇن كوپ كۈچ توپلاپ تۇرغاندا، تور
پاندىكى تۇنگانلار كۇچاغا قەدەر باسىپ كېلىپ قالدى. 1865—
يىلى يەقۇپبەك ئەسكەرلىرى تۇنگان ئەسكەرلىرىنى يېڭىپ، قاراشەھەر،
تۇرپاننى ئىشغال قالدى. ئۇرۇمچىگە قاچىپ بارغان تۇنگانلار بۇنـ
دان ھەم قاچىپ ماناسنى مەركەز قىلىپ ئالدى. ئاخىرى يەقۇپ
بەك ماناس، شىخو، ئىلى، يەتتىسۇغا قەدەر جايلارنى ئىشغال قىلدى.
بۇ ئوتتۇرادىكى تۇنگانلار، دۇڭخۇاڭ، ئۈرۈمچى، باركول، قۇمۇل
طرەفكە سۈرۈلۈپ كەتتى.

شۇنداق قىلىپ غەربى پامىر، ئالاي يايلاغى، ئىسسىق كول، ئالما-
ئاتا، شىمالى بالقاش كولى، ئالتاي، تارباغاتاينىڭ جەنۇبى يايلاق
لىرى، شەرقى باركول تاغى، ئۇرۇمچى قۇمۇل ئاراسىدىكى شامو
چولى، جەنۇبى كۈنلۈن تاغىغا قەدەر جاي يەقۇپبەككە اطاعت
قىلدى. ئالتاي، چوچەك ۋىلايىتى ماڭغۇلىستان تۇپراغىغا قـو
شۇلغان ئىدى. قۇمۇل، باركول، مانجۇرلار قولىدا قالدى.

## يەقۇپبەكنىڭ استقلال اعلان قىلغانى

يەقۇپبەك بۇرۇن خوقەند خانىنىڭ امرىدە بولغان. بولسىمۇ،
روسلار خوقەندنى ئىشغال قىلغاندىن سوڭ، ئوزى مستقل ھالدا
بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۇچۇن يەقۇپبەك ئوزى مستقل دەۋلەتىـ
كەنىنى اعلان قىلدى. ۋە ئوزىگە بەدەۋلەت دېگەن نامنى بەردى.
ئاقسۇنى پايتخت قىلىپ، كۈچ قۇۋۋەت توپلاۋماق ئۇچـۇن
8000 رەسمى حربى قوشۇن تۈزدى. قورال ياسايدىغان ئىشخا

نەلەر قوردى. توپ، ملتق، دارو اشلەپ چقاردى. هندستانلىقين
كوپ قورال ساتىپ ئالدى. خلقدان نهايتى كوپ ئالوان - ياساق
يغدى.

1868-يلى يعقوب بك توركيەگە سلطان عبدالعزيز حضوريغا
بر هيئت ايبەريپ، شرقى توركستان حكومتىنى بر مستقل اسلام
دولتى دەپ تونوماقينى ۋە يار-يۆلەك بولماقينى سوردى. تور
كيە ئونىڭ بو تەلەبينى قبول قيلىپ، يعقوب بككە اميرالمسلمين
عنوانى بەردى. مونىدان كيين هندستان، روسيەغە الچيلار ايبەر
دى. انگليز، روس دولتلىرى شرقى توركستاننى مستقل دەپ تو
نودى. روسيە، هندستانلىين رسمى الچيلەر كەلدى.

## 2نچى قيتىم تونگانلار قوزغولاڭى

بورون مغلوب بولوپ اورومچىنىڭ شرق طرەفيگە وە دوڭ
خوالڭغا كەتكەن تونگانلار برلىشىپ 1869-يلى اورومچينى هجوم
قيلىپ باسىپ ئالدى. غولجاديكى تونگانلار اورومچيديكى تونگان
لەر بلەن برليشىپ ايلى يتى سوني اشغال قيلدى. يعقوب بەك
چوڭ ئوغلى بگ قولينى عسكر بلەن ئورومچيگە ماڭدوردى. تون
گانلر تورپانغا كيلىپ سلح تيلەدى وە يعقوب بككە اطاعت قيلدى.
تورپانغا حكم بك توردىنى والى قيلىپ بەلگولەپ، بك قولينى كوپ
عسكر بلەن موندا تورغوزدى.

## زو زوڭ تاڭ نىڭ هجومى

چين حكومتلىرى مانجورلار يوننەن انقلابينى باستوروپ ئو
نىڭ باشليغى تونگان تاون سو (سلطان سليمان) نى شهيد قيلدى.
بو انقلابچيلار نىڭ قوماندانى داخو تورت بەش مىڭ تونگان عسكرى
نى ايلىپ گەنسودا هم تورالماي شرقى توركستانغا سوروپ چق
تى. مانجور عسكرى قوغلاپ قمولغا چققاندا، يعقوب بك بارلق
دولتىنى كورليغا يوتكيدى. داخو ئورومچيگە چيقيپ يعقوب
بكدين قنا تيلەدى. داخو 3—6 يوز عسكرى بلەن كورليغا كيلىپ
يعقوب بكنى زيارەت قيلدى. يعقوب بك بوني آقسودا تورماقغا

امر قیلدی. ئوروەمچیدیکی تونگانلاردا خونی قوغلاپ چقان زوزولڭ قاشغا اطاعت قیلیدیغانلقینی بیلدوردی. زوزولڭ تاڭ ئوروەمچیگە چقیب یعقوب بکدن داخونی طلب قیلدی. قبول قیلمیدی. آخری زوزولڭ تاڭ بلەن یعقوب بك داوانچڭدا سوقوش باشلیدی. یعقوب بك نڭ ئوروشماکلر دیگەن امری بلەن بك قولی توپانی بوشو توب بیریب کورلیغا قایتیب کەلدی. ایککی ئورتادا برنچچە قیتم الچی لار بیریب-کیلیب تورغان بولسیمو، سلح بولالمیدی.

## نیاز بك، عشوربك لرنڭ یعقوب بگکە خیانتی

خوتەن والیسی نیاز بك، خزانەچی عشوربگلر زوزولڭ تاشغا خفی آدەم ایبەریب، ئوز لرینڭ زوزولڭ تاشغا اطاعت قیلیدیغانلقینی وەهرقانداق خزمتیگە حاضر ایکەنینی بیان قیلدی. بوخاننلر یعقوب بك نڭ باورچیسیغا کوب آلتون بیریب یعقوب بگگە زەهر ایچیریب ئولتوردی. یعقوب بك نڭ ئولومی بلەن اچکی طرەفدن قاریسمو قارشیلق توغولوب کوچی عاجزلیدی. یاقوب بك ئوغوللری بك قولی بلەن حق قولی ئورتاسدا تخت تالاشب جیدەل چقدی. عشور بك کوب آلتون کموشنی ایلیب زوزولڭ تاڭ قاشغا قاچدی. نیاز بك خوتەنگە قیچب باریب استقلال اعلان قیلدی. بوز ماق بروەضعیت اچیدە زوزولڭ تاڭ قاراشەهر، کورلی، کوچارلارنی باسب آلدی. بك قولی خوتەنگە یوروش قیلغاندا، نیاز بك کوب آلتون کموشنی ایلیب، کریا، چرچن دن ئوتوب کورلا زوزولڭ تاڭ باشیغا کەلدی. کیین خوتەنلك احمد بك، قەشقەرلك محمود بك لەر بك قولیغا قارشی حرکت قیلدی. نتیجەدە هجرە 1293 انچی یلی بتون شرقی تورکستانی زوزولڭ تاڭ اشغال قیلب بولغان بولدی. بوقیتمقی اشلار تمام بولغاندن صولڭ چین مانجور حکومتی شرقی تورکستان دیگەن نامنی یوقوتوب شنجاڭ دیگەن نامنی قویوب، چین نڭ بر ئولکوسی قیلب ئوزگەرتدی. هر بر ناحیەگە بردن چینلقنی حاکم قیلب قویدی. ایلی یتی سو نی تارانچی وەتونگانلاردن آلالمای ئوروەمچینی پای تختی قلدی.

# ایلی، یتی سونی روسلار اشغال قلغانی

1878ـــ یلی انگلیز حکومتی چین مانجور حکومتیدن سـی چوەن، گەنسو، ئولکوسیدن تیبت گە عسکر ئوتکوزوشکە روخست آلغاندن صوڭ روسلار تارانچیلرنڭ قارشیلقیغا قاریمای ایلی، یتی سونی اشغال قیلب آلدی. روسلار چیننڭ یتر بوروغدیکی سفرینی بر توختامغا امظا قلدوروب آلدی. بو توختامبویچە روسلار ایلی یتی سو روس توپراقیغا قوشولدی دەب اعلان قلدی. اماچین مانجور حکومتینڭ نارازیلقی آرقاسیدا 1300ـــ یلی باش ایلی اشغال قلنغان توپراقنڭ 4دن برینی یعنی بوگونکی ایلی ولایتینی قایتوروب بیریب، قالغان ایلی، یتی سونی سیمی چینسکی دیگەن نام آستیدا روسلار ئوز توپراقیغا قوشوب آلدی.

# چینلاشتورماق پلانی

چین مانجور حکومتی شرقی تورکستاننی تمام ئوز ادارەسیگە آلغاندن صوڭ اچکی چیندن کوبلەپ محاجر الب چیقب بو یاقتا یرلشتوردیك وە بو یاقنڭ آدەملرینی اچکی چینغا یوتکەب چینلاشتورماق اشلرینی باشلیدی. تمام اشلردە چینچە یازو، تیل شلیتب تورك تیلینی اعتبادن توشوردی. ملی مکتب، مدرسەلرنی یوقوتوب، تورك بالالرینی زورلاب چینچە ئوقوتدی. شرقی تورکستاندا موندای بر ناچار سیاست یورگوزولگەن تورغان زاماندا یاوروپا دەولتلرینڭ چیندیکی تأثیری بارغانسیری کوچلونوب اطرافدیکی بقندی توپراقلرینی تارتب الب چین مانجور دەولتینی عاجزلیتب قویدی. بوننڭ سیرتیدا مانجورلار حاکمیتیگە قارشی اچکی طرەفدن آرقیمو-آرقا قوزغولاڭ کوتورولدی. بو سببلر آرقاسیدا مانجورلارنڭ شرقی تورکستانغا یورگوزگەن سیاستی مسلکە آشمیدی.

## سونیاتسین انقلابی وەشرقی تورکستان

چین‌مانجور حاکیمتی بارغانسیری عاجزلاب چیریکلەشکەندە،
یاوروپا دەولەتلەری بوزەك ایتتب هەر بر طەرەفدین
بوغوب، بتون چینی یریم مستملیکە هالیغا کلتوروب قویدی.
چین ملی انقلاب رەهبری سونیاتسین افندی مانجور استبداد حا
کیمیەتیگە قارشی انقلاب کوتوروب 200 یلدن آرتوق حکوم‌سور
گەن مانجور حاکیمیەتینی یقتدی. وە سەن‌مین‌جوی مسلیکینی
اورتاغا آتب، جمهوریت اعلان قلب، یکی دەور باشلادی. گرچە
جمهوریت قورولغان بولسەمو، اچکی اختلاتلار آرقیسو — آرقا
چیقب تورغانلقدین بوجمهوریتنك تاثیری شرقی تورکستانغا
چقالمیدی. جمهوریتدن کین شرقی تورکستانغا حاکم بول
غانلار هم‌بورونقی مانجورلارنك استبدادلق قاراکچو ایزیش یول
لرینی قوللاندی. بو واقتدا شرقی تورکستاندا روس، انگلیز
تاثیری کوچیوب بو ایککی دەولت حقوقی حاکچولارنك حقو
قیدن آرتب توشدی. یورتیمزنك اقتصادی بایلیغیدن 3 طرەفغا ایلدا
لانب، خلقیمزنك اقتصادی تورموشینی بك اغر حالدا قویدی.

## یانك داخوا، یانك‌توك‌نولك دەوری

جیندە جمهوریت قورولغاندین صونك یانك‌توك‌نولك دیگەن آدەم‌قو
ماندان بولوب کیلب ایلی‌دا حربی اشلارنی بولغا سالدی. بونك
آرقاسیدین یوەن‌داخوا آتلق برآدەم کیلب عمومی والی (حاکچو
لوق)لق خزمتدە اولتوردی. بوآدەملر کوهنە فکرلك آدەملر بول
غانلقدین شرقی تورکستاننی مستقل ادارەقیلش خیالی‌غا توشودو.
قوماندان یانك‌توك‌نولك حاکچولك بولماق نیتی بلەن یوەن‌داخوانك
اوردا سیغا توییوقسزدن هجوم قلیدو. آخری یوەن‌داخوا مغلوب بو
لوب اچکی چینغا قاچب کیتیدو. یانك‌توك اوزینی حاکچولك اعلان
قلیدو. بونکغا اوروم‌چیدیکی قوماندان فوتەی قارشی چقب آل
دی آی سوقوش قلیدو. یانك‌توك‌نوی ایلیدن قەشقەرغە قاچب با
ریب «گالاوخوی» جمعیتی تشکیل قیلب، کوچ‌توپلاشقا کرشدی.
اوروم‌چیدن کالگەن عسکرلر قەشقەرغە باسب کیلب گالاوخویچیلر
نی اولتوردی. یانك‌توك‌نولك فرغانەغە قاچب کتتدی.

شوندن كيين ئورومچى حاكملرى يرلك خلقنڭ ئوبغانب كيـ
تيشيدن قورقوب، گالاوخوى چيلر ديگەن نام بلەن يڭيلق طرەفدار
بولغان آدەملرنى وەتوركيە، چەتدن كلگەن معلملرنى ئولتوردى،
هايداب چقاردى، يڭى مكتبلرنى قاپاتدى.

## ياڭ زين شين

گالاوخويچىلر توگوتلگەندن صوڭ ئورومچى، ايليدا جاگجوڭ
لوق تالاشيب كوپ جيدللر توغولدى. بولارنڭ آراسيدا كوپرەك
طرەفدار توپلوغان ياڭزين شين ديگەن آدەم هەمەنى باسوروب ئو
رومچينى پاى تخت قيلب ئوزينى جاگجوڭ اعلان قلدى. ياڭزين
شين مستقل حالدا بو يورتنى ادارە قلب يرلك تورك خلقينڭ ئويغـ
ونوب كيتيشيدن قورقوب اولەرنڭ چەتدىكى توركلر وە مسلمانلار بلەن
قورونلدن بولوب تورغان علاقەسينى ئوزدى. معارف اشلرينى ـــى
خاراب قلدى. توركىبالارىغە چينچە ئوقوتدى. پاراخور عمللارلارنى
هر بر جايغا حاكم قلب خلقنڭ ئالتون كوموشنى ئوزيانچوقيغا يغــ
دى. ياڭزين شين ئوزعمرينى شرقى توركستاننڭ اقتصادى، ملەنيە
نى، معارفيغا خيانت قلماق بلەن ئوتكوزدى.

1929 نچى يلى ياڭزين شيننڭ خارجى ئشلار وەزيرى پەن يــو
لەن بر قانچە آدەم بلەن برمخفى تشكيلات توزوب خارجى ئشلر ئش
خانەسيدە ضيافت ئوتكوزوب، ضيافت ئوستيدە ياڭزين شيننى ايتب
ئولتوردى. امما ئەن دولەن نڭ بالانى عمالگە آشماى ئوزى هم جزاغا
تارتلب ئولدى. جاگجوڭلوق ئورونغا جڭشورين ئولتوردى. بو
ئدەمنڭ يورتقا قلغان ظلمى ياڭنى اشب توشدى. آخرى قمول انقلا
بى كوتورولوش بلەن جڭشورين حكومتى يقلدى.
(برنچى قسم توگودى بونڭ آخرى 2 نچى قسمدا يازلدى).